# بۇ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئادەم بالىلىرىنىڭ قىزلىرىغا پۈتنۈەتكەن ئىشتۇر، سىز ھەج قىلغۇچىلار ئادا قىلىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئادا قىلىڭ، پەقەت پاكلانغانغا قەدەر بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماڭ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلىپ يولغا چىقتۇق، مەن "سەرىپ" دېگەن جايغا كەلگىنىمىزدە، ھەيز كۆرۈپ قالدىم، مەن يىغلاپ ئولتۇرسام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قېشىمغا كىرىپ: نېمىشقا يىغلايسىز؟ دېدى، مەن: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ يىل ھەج قىلمىغان بولسامكەن، دېسەم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەيز كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسىز؟دېدى، مەن: ھەئە دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بۇ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئادەم بالىلىرىنىڭ قىزلىرىغا پۈتنۈەتكەن ئىشتۇر، سىز ھەج قىلغۇچىلار ئادا قىلىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئادا قىلىڭ، پەقەت پاكلانغانغا قەدەر بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماڭ» دېدى. مەككىگە كەلگەن ۋاقتىمدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «ئۆمرە قىلىڭلار» دېدى، قۇربانلىق ھەدىيە ھەيدەپ كەلمىگەن كىشلەر ئېھرامدىن چىقتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە باشقا بىر قىسىم ساھابىلار بىلەن ھەدىيە ئۇلاغلىرى بار ئىدى، تەمەتتۇئ قىلغانلار مىناغا چىقىدىغان كۈنى ھەجگە ئىھرام كەيدى، قۇربان ھېيت كۈنى(نەھرى كۈنى)مەن ھەيزدىن پاك بولدۇم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنى پەرز تاۋاپنى قىلىشقا بۇيرىدى، مەن پەرز تاۋاپنى قىلدىم، كەچتە بىزگە كالا گۆشى ئېلىپ كېلىندى، مەن: نېمە گۆش؟ دەپ سورىسام، ئۇلار: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئۈچۈن كالا قۇربانلىق قىلغان، شۇنىڭ گۆشى دېدى، قايتىدىغان كۈنى كېچىدە، مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىشلەر ھەج-ئۆمرە قىلىپ قايتىدۇ، مەن پەقەت ھەج قىلىپ قايتىمەنمۇ؟دېسەم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى بۇيرىدى، ئۇ مېنى تۆگىگە مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى، مېنىڭ يېشىم كىچىك بولغاچقا ئېسىمدە قىلىشچە مۈگۈدەپ قالدىم، يۈزۈم تۆگىنىڭ چۆلۈۋۈرىغا تېگەتتى، ھەتتا بىز تەنئىمغا كەلدۇق، ئۇ يەردىن ئۆمرە نىيتى ئۈچۈن ئىھرامغا كىردىم، بىرگە كەلگەن كىشلەر قىلغان ئۆمرىگە ئوخشاش ئۆمرە قىلدىم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىنىڭ مەنىسى: بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن پەقەت ھەجنى مەقسەت قىلىپ چىققان ئىدۇق، يەنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن زۇلقەئدە ئېيى ئاخىرلىششىقا بەش كۈن قالغاندا پېشىن نامىزىنى تۆت رەكەت ئوقۇپ يولغا چىققان، زۇلھۇلەيپىگە كېلىپ ئەسىر نامىزىنى ئىككى رەكەت قەسىر ئوقۇغان. ھەدىستە: «بىز پەقەت ھەجنىلا مەقسەت قىلغان» دېيىلگەن. لېكىن يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە: «بىزدىن ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ ئىھرامغا كىرگەن ۋە ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئىھرامغا كىرگەنلەرمۇ بار ئىدى، مەن ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ ئىھرام كىرگەنلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىدىم» دېيىلگەن. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: بىز ھەجدىن باشقىنى مەقسەت قىلمايتتۇق، ھەجدىن باشقىنى ئويلىمايتتۇق دېگەن سۆزى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن خالى بولالمايدۇ: بىرىنچى ھالەت: ھەدىستە ھەجنىڭ تۈرىنى بايان قىلماستىن ئەسلى بولغان پەرز ھەجنى مەقسەت قىلغان. ئىككىنچى ھالەت: بۇنىڭدىن مىيقاتقا يېتىپ كېلىپ ئىھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن مەدىنىدىن چىققان ۋاقتنى مەقسەت قىلغان. ئۈچىنچى ھالەت: ئۆزىنى مەقسەت قىلماستىن باشقا ساھابىلارنى مەقسەت قىلغان.«ھەتتا بىز "سەرىپ" قا كەلدۇق» يەنى مەككىگە يېقىن بولغان جايدىكى سەرپ دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ جايغا كەلگەندە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئادەت كۆرۈپ قالغان، مەن يىغلاپ ئولتۇرسام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قېشىمغا كىرىپ: «نېمىگە يىغلايسىز؟»دېدى، مەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ يىل ھەجگە كەلمىسەم بولۇپتىكەن دېدىم، يەنى

ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلاپ بۇ يىل ئۇلار بىلەن بىرگە ھەج قىلماسلىقنى ئارزۇ قىلغان ۋە ئۆز قارىشىدا ئادەت كۆرۈپ قىلىش بىلەن ھەج ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، ھەجدىن ھاسىل بولىدىغان ياخشىلىقنى يوقىتىپ قويىمەن دەپ ئويلىغان. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «نېمە بولدى؟ ھەيز كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟» دېدى، مەن: ھەئە دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەيز كۆرۈش دېگەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئادەم قىزلىرىغا پۈتۈلگەن، تەقدىر قىلىنغان ئىش بولۇپ، يالغۇز سىزگە خاس ئەمەس ۋە ئىش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە ئەمەس، يىغلاشنىڭ زۆرۈرىتى يوق، ھەج قىلغۇچىلار قىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، پەقەت ھەيزدىن پاك بولغاندىلا كەبىنى تاۋاپ قىلىڭ»دېدى، بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: ھەيزنىڭ ھەج ئەمەللىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى چەكلەپ قويمايدىغانلىقى، ئېھرامغا تەسىرى بولمايدىغانلىقى، ئەرەپاتتا تۇرۇش، مۇزتەلىپىدە قونۇش، مىنادا تۇرۇش، شەيتانلارغا تاش ئېتىش قاتارلىق ھاجىلار قىلىدىغان تاۋاپتىن باشقا ئەمەللەرنى قىلىش، ھەيزدىن پاك بولغاندا يۇيۇنۇپ كەبىنى تاۋاپ قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا خەۋەر بەردى. مەككىگە كەلگەن ۋاقتىمدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «نىيىتىڭلارنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىڭلار» دېدى، يەنى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەن ۋاقتىدا ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن ساھابىلارنى ئېھرامىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى، ھەجگە ئېھرام باغلاپ ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ھەجگە باغلىغان ئېھرامىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى، ئۇلار كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە قىلىپ، چاچنى ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىقىدۇ، مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزلەردىن ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەنلەرنى ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بولۇشقا بۇيرىدى، بىز: قانداق ھالال بولىمىز؟دېسەك، تولۇق ھالال بولىسىلەر دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە قىلىپ چېچىنى ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىقتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە باشقا ئىقتىسادى بار ھەدىيە ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر ئېھراملىق ھالىتىدە قالدى، چۈنكى ئۇلار ھەدىيە ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ھەدىيە ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ھەجنى مەقسەت قىلىپ باغلىغان ئېھرامىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن بولسام، ئەلۋەتتە سىلەرنى بۇيرىغان ئىشنىڭ ئوخشىشىنى قىلاتتىم». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە قىلىپ، چېچىنى ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىققان كىشىلەر زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى يەنى تەرۋىيە كۈنى مىناغا ماڭىدىغان ۋاقىتدا ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئېھرامغا كىردى. يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى يەنى قۇربان ھېيت كۈنى ھەيزدىن پاك بولدۇم، مەن ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنى يۇيۇنۇپ كەبىگە بېرىپ پەرز تاۋاپىنى قىلىشقا بۇيرىدى، مەن شۇنداق قىلدىم. بىزگە يەنى ئاياللارغا كالا گۆشى كەلتۈرۈلگەن ئىدى، مەن: نېمە گۆش بۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇلار: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئۈچۈن كالا قۇربانلىق قىلغان ئىدى بۇ شۇنىڭ گۆشىدىن دېدى، مىنادىن قايتىپ چۈشىدىغان كېچىسى يەنى تەشرىق كۈنلىرىدىن كېيىنكى كېچە بولۇپ، ئۇلار مىنادىن چۈشۈپ "مۇھەسسەپ" دېگەن جايغا چۈشۈپ كېچىدە شۇ يەردە ئارام ئالدى، بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ جايدا ئازراق ئارام ئېلىپ ئۇخلىدى، ئاندىن ئۇلىغىغا مىنىپ بەيتۇللاھقا كېلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلدى، مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەر ھەج-ئۆمرە قىلىپ قايتسا، مەن پەقەت ھەج قىلىپ قايتىمەنمۇ؟ يەنى ئۇلار تەمەتتۇ قىلىپ ئايرىم ئۆمرە ۋە ئايرىم ھەج قىلىپ قايتسا، مەن ئايرىم ئۆمرە قىلماي قايتىمەنمۇ؟ دېدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قىران ھەج قىلغان بولۇپ، ھەجنىڭ نىيىتى بىلەن ئۆمرە ھەجگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: كىشىلەر قوش ئەجىر بىلەن قايتسا، مەن يالغۇز بىر ئەجىر بىلەن قايتىمەنمۇ؟دېگەن. يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قالغان ئاياللىرى ۋە ساھابى ئاياللارغا ئوخشاش ھەجدىن باشقا ئايرىم ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇلار ھەجنىڭ ئېھرامىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىپ، ئۆمرە پائالىيىتىنى تاماملاپ تەرۋىيە كۈنىدىن بۇرۇن ھالال بولۇپ ئېھرامدىن چىققان، تەرۋىيە كۈنى مەككىدىن ھەجگە ئېھرام باغلىغان، ئۇلار ئۈچۈن ئايرىم ئۆمرە ۋە ئايرىم ھەج ھاسىل بولغان. ئەمما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۈچۈن ھەجگە كىرىپ كەتكەن ئۆمرە ھاسىل بولغان(يەنى قىران ھەججى)، ئايرىم ئۆمرە ھاسىل بولمىغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، قايتىدىغان كۈنىدە: «سىزنىڭ قىلغان سەئيىڭىز ۋە تاۋاپىڭىز ھەججىڭىز ۋە ئۆمرىڭىز ئۈچۈن ھەر ئىككىسىگە كۇپايە قىلىدۇ» دېگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىماي باشقا كىشىلەرگە ھاسىل بولغاندەك ئايرىم ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرنى بۇيرۇپ مېنى ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈردى، يەنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاكىسى بولغان ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تەنئىمغا ئېلىپ چىقىپ ئۇيەردىن ئېھرامنى نىيەت قىلدۇرۇپ ئۆمرە قىلدۇرۇشقا شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش بولۇشىنى بۇيرىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەيدۇ: مەن كىچىك قىز بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىسمىدە تۇتىمەن، مەن قاتتىق مۈگۈدەپ يۈزۈم تۆگىنىڭ

توقۇمىغا تىگىپ تۇراتتى. يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ تەنئىمغا ماڭدى، ئۇ قاتتىق مۈگدەپ ھەتتا قاتتىق مۈگۈدىگەنلىكتىن بېشى تۆگىنىڭ توقۇمىغا تىگىپ تۇراتتى. بىز تەنئىمغا كەلدۇق، مەن ئۇ يەردىن كىشىلەر قىلغان ئۆمرىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدىم، يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەنئىمغا كەلگەن ۋاقتىدا، كىشىلەر ئەۋۋەلدە قىلغان ئۆمرىگە ئوخشاش ئايرىم ئۆمرىگە نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىردى. بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مۇشۇ ئۆمرە سىز ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى چەكلەپ قويغان ۋە ھەج بىلەن بىرگە بولماستىن ئايرىم ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئۆمرىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10010